الأويغورية
ئۇيغۇرچە

مترجم لعدة لغات

صحيح الدعاء والثناء على الله تعالى

# سەھىھ دۇئا
# ۋە ئاللاھ تائالانى مەدھىيلەش

د. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەمۇدىل پۇرەيھ

- دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى
- ئاللاھ تائالاغا مەدھىيەلەر
- قۇرئاندىن تاللانغان دۇئالار
- نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار
- پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ھەدىسلىرىدىن ئېلىنغان دۇئالار
- ھەدىستىن تاللانغان پاناھلىق تىلەش دۇئالىرى
- رۇقيە دۇئالىرى
- ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئوقۇيدىغان زىكىرلار

د. عبدالله بن حمود الفريح



زىكىر-دۇئالارغا
يۆتكىلىش ئۈچۈن ھەر بىر تېمىغا خاس بولغان
كونۇپكىنى بېسىڭ

doa.eqtidaa.com

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، دۇرۇت-سالاملار ئاللاھنىڭ ئەڭ ئېسىل پەيغەمبىرىگە، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا بولسۇن.

بۇ ئېسىل بىر كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا مول مەزمۇنلۇق تۆرلۈك دۇئالار بار(ئاللاھنى مەدھىيلەش، قۇرئان دۇئالىرى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان دۇئالار، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پاناھلىق تىلەش دۇئالىرى، رۇقىيە دۇئالىرى، ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئوقۇيدىغان دۇئا-زىكىرلەر).

شۇنىڭدەك دۇئانىڭ ئەدەپلىرى بايان قىلىندى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ تىرىشىپ كۆپ دۇئا قىلىشى ئۈچۈن سەھەر بولغان دۇئالارنى تاللاشقا ھېرىسمەن بولدۇم. شۇنداقلا قۇرئان-ھەدىستە بايانقىلىنغان كۆپ ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇئالارنى تاللىدىم. ھەر بىر دۇئانىڭ ئەرەبچە تېكىستى، (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) ۋە ئوقۇلىشىنى يازدىم. كىتابىنىڭ ئاخىرىدا دۇئا توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسىنى زىكىر قىلدىم. ئاللاھ تائالادىن مۇشۇ ئەمەلىمىنىڭ خالىس ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

**د. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەمۇد ئەلپۇرەيھ.**

# دۇئا قىلىش ئالدىدا

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! بۇ دۇئالار ھەممە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چىن دىلىڭىز بىلەن دۇئا قىلىشقا تەييار بولۇڭ، ئۇ دۇئالاردىن مۇمكىن بولغانلىرىنى ياد ئېلىڭ. بەزى دۇئالار سىزنىڭ ھەممە

تەلەپلىرىڭىزغا كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ لەپزى ئىخچام مەنىسى مول دۇئالاردۇر. سىزدە ھۇزۇرۇدىل ۋە پەرۋەردىگارىڭىزغا تىز يۈكۈش بولىدىكەن، شۇ يېتەرلىكتۇر.

# دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى

**بىرىنچى:** دۇئا قىلغۇچى دۇئانى چىن كۆڭلىدىن ئاللاھقا خالىس قىلىشى، دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا پەقەت بىر ئاللاھنىڭ قادىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى، ئاللاھنىڭ غەيرىدىن ھاجىتىنى سورىماسلىقى، ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىغا؛ مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولسۇن، ئەۋلىيا بولسۇن، پەرىشتە بولسۇن، سالىھ بەندە بولسۇن ياكى ھەرقانداق بىر كىشى بولسۇن ۋاستە قىلماسلىقى لازىم. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَٱدۡعُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ﴾ [غافر: 14] تەرجىمىسى: «دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ

قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار.» [سۈرە غاپىر -14ئايەت].

**ئىككىنچى:** سىز دۇئا بىلەن مەشغۇل بولغاندا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش ياكى بولماسلىقىنى ئويلىماستىن، دۇئانىڭ ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۈيۈك ساۋاپ بېرىلىدىغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئويلىشىڭىز لازىم.

**ئۈچىنچى:** سىزنىڭ دۇئايىڭىزنى پەقەت ئاللاھنىڭلا ئىجابەت قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىشىڭىز لازىم. سىزنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىشىڭىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىلەن سىزنىڭ ئارىڭىزدا بىرەر

مەخلۇقنىڭ ۋاستە بولۇشىغا ئېھتىياج يوقتۇر. خۇددى بەزى مۇسۇلمانلاردا كۆرۈلىۋاتقاندەك شەرىئەتتە ئەسلى بولمىغان ئىشلار بىلەن ئاللاھقا ۋەسىلە قىلىشتىن ئاگاھ بولۇش لازىم.

**تۆتىنچى:** سىز قىلغان خاتالىقلىرىڭىز سەۋەبىدىن ئاللاھدىن ھەر قانچە يىراقلىشىپ كەتسىڭىزمۇ، ئاللاھ تائالا سىزنىڭ تەۋبە قىلىشىڭىز ۋە ئۆزىگە يۈزلىنىشىڭىزدىن خۇرسەن بولىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدىن ياكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلىنىدىغان خىياللاردىن ساقلىنىڭ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەت تۇرۇغلۇق، سىزنىڭ تەۋبە قىلىشىڭىز ۋە ئۆزىگە يۈزلىنىشىڭىزدىن خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىڭ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئەسكەرگە ئېلىڭ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًا﴾ [زمر: 53] تەرجىمىسى: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِى عَنِّى فَإِنِّى قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ [بقره: 186] (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.» [سۈرە بەقەرە 186-ئايەت].

**بەشىنچى:** دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرى ھارامدىن بولماسلىقى لازىم، چۈنكى بۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشىنى چەكلەپ قويىدىغان ئامىللاردىندۇر. بۇ

توغرىدا ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الرَّجُلَ يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ، يَمُدُّ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ، يَا رَبِّ، يَا رَبِّ، وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ، وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ، وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ، وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ، فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ؟»: «بىر كىشى ئۇستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ «ئىي پەرۋەردىگارىم! ئى ئىگەم!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن . ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!.» [مۇسلىم رىۋايىتى -1015ھەدىس ].

**ئالتىنچى:** دۇئا قىلغۇچى دۇئانىڭ تۆۋەندىكى ئەدەپ-قائىدىلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك:

1 نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت بىلەن دۇئا قىلىشى كېرەك. بۇ توغرىدا بۇخارى ۋە مۇسلىمدا، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ تاغىسى ئەبۇ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بولغان ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئەبۇ ئامىر ئابۇ مۇساغا ئۆزى ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن دۇئا تەلەپ قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان، ئەبۇ مۇسا بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېگەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام

سۇ ئەكەلدۈرۈپ، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلغان. «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِعُبَيْدٍ، أَبِي عَامِرٍ»: «ئەي ئاللاھ! بەندەڭ ئەبۇ ئامىرنى مەغپىرەت قىلغىن».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرگەنلىكتىن مەن ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاقلىنى كۆردۈم، يەنە مۇنداق دېدى: «اللَّهُمَّ اجْعَلْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَوْقَ كَثِيرٍ مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ مِنَ النَّاسِ»: «ئەي ئاللاھ! ئۇنى قىيامەت كۈنىدە سېنىڭ خەلقىڭدىن ياكى ئىنسانلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەردىن مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلغىن». [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى 4323-ھەدىس. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى 2498-ھەدىس].

2 قىبلىگە يۈزلىنىش.

3 ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش.

بۇ ئىككى سۈننەتنى تۆۋەندىكى ھەدىس نىڭ مەزمۇنى ئىپادىلەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «اللَّهُمَّ أَنْجِزْ لِي مَا وَعَدْتَنِي، اللَّهُمَّ آتِ مَا وَعَدْتَنِي»: ماڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا نەزەر سالدى، ئۇلار مىڭ كىشى ئىدى، ساھابىلىرىغا نەزەر سالدى، ھالبۇكى ئۇلار ئۈچ يۈز ئون توققۇز كىشى ئىدى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى قىبلىگە يۈزلىنىپ، ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ،

ئاللاھقا يېلىنىپ: «ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئادا قىلغىن» دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 1763-ھەدىس].

4 دۇئانى ئاللاھقا مەدھىيە ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاش بىلەن باشلاش كېرەك. پە يغە مبە ر ئە لە يھىسسا لا منىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان پەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ نامازدا ئاللاھنى مەدھىيلىمەي، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىماي دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ،

«عَجِلَ هَذَا»: «بۇ ئادەم ئالدىراپ قالدى» دېدى ۋە ئۇ كىشىنى چاقىرىپ: «إِذَا صَلَّى أَحَدُكُمْ، فَلْيَبْدَأْ بِتَمْجِيدِ رَبِّهِ جَلَّ وَعَزَّ، وَالثَّنَاءِ عَلَيْهِ، ثُمَّ يُصَلِّي عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، ثُمَّ يَدْعُو بَعْدُ بِمَا شَاءَ»: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، ئالدى بىلەن ئاللاھنى مەدھىيلەپ ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاش بىلەن باشلىسۇن، ئاندىن خالىغان دۇئالارنى قىلسۇن» دېدى. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 1481-ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى 3477-ھەدىس].

ئەگەر دۇئانى سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ئاللاھنى مەدھىيلەش ئايەتلىرى بىلەن

باشلىغان بولسا (بۇنى كېيىن بايان قىلىمىز) ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغان بولسا، ئاندىن تۆرلۈك مەدھىيلەر بىلەن ئاللاھنى ماختىغان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئىجابەتكە بەك يېقىن بولاتتى.

5 ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئالدىرىماستىن ئاللاھ تائالا ەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان دۇئاسىنى يېقىندا ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلىش كېرەك. بۇ توغرىدا ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغانھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«لَا يَزَالُ يُسْتَجَابُ لِلْعَبْدِ، مَا لَمْ يَدْعُ بِإِثْمٍ أَوْ قَطِيعَةِ رَحِمٍ، مَا لَمْ يَسْتَعْجِلْ»: «بەندە دۇئا قىلغاندا گۇناھ-مەسىيەت ياكى ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزىدىغانغا سەۋەپ بولىدىغان دۇئالارنى قىلماستىن ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشىغا بەك ئالدىراپ كەتمىگەندە ئۇنىڭ دۇئاسى دائىم ئىجابەت قىلىنىدۇ»، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئالدىراپ كېتىش قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَقُولُ قَدْ دَعَوْتُ وَقَدْ دَعَوْتُ، فَلَمْ أَرَ يَسْتَجِيبُ لِي، فَيَسْتَحْسِرُ عِنْدَ ذَلِكَ وَيَدَعُ الدُّعَاءَ»: «دۇئا قىلدىم، دۇئا قىلدىم، دۇئايىمنىڭ ھېچ ئىجابەت بولغانلىقىنى

كۆرمىدىم دەپ ھەسرەتلىنىپ، دۇئا قىلىشنى تەرك قىلىدۇ، دېدى». [مۇسلىم رىۋايىتى 2735-ھەدىس].

6 دۇئادا ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە دۇئاغا مۇناسىپ كېلىدىغان سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالادىن رىزىق سورىغاندا «ئي رىزىق بەرگۈچى رەببىم» دەپ، رەھمەت سورىغاندا:«ئي مېھرىبان، ئي شەپقەتلىك ئاللاھ» دەپ، ئىززەتلىك بولۇشنى سۇرىغاندا: «ئي ھەممىدىن غالىپ كەلگۈچى ئاللاھ» دەپ، مەغپىرەت سورىغاندا: «ئي چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى» دەپ، شىپالىق تەلەپ قىلغاندا:«ئي شىپالىق

ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ» دەپ دۇئاغا مۇناسىپ سۈپەتلەر بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا﴾ [الأعراف: 180] تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار.» [سۈرە ئەئراپ 180-ئايەت].

7 دۇئادا ھاجەتنى تەكرارلاش ۋە تەلەپ قىلىشتا ئاللاھقا يالۋۇرۇش كېرەك. بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى كۈندە قىلغان دۇئاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اللَّهُمَّ أَنْجِزْ لِي مَا وَعَدْتَنِي،

اللَّهُمَّ آتِ مَا وَعَدْتَنِي»: «ئي ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلىيلەشتۈرگىن، ئي ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئادا قىلغىن» دەپ يېپىنىۋالغان تون چاپىنى ئىككى دولىسىدىن چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر ئاللاھ تائالاغا يالۋۇردى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: ئي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! پەرۋەردىگارىڭغا قىلغان دۇئالىرىڭ ساڭا كۇپايە قىلىدۇ دېدى». [مۇسلىم رىۋايىتى 1763-ھەدىس].

شۇنىڭدەك بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان

ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دوۋس قەبىلىسىگە دۇئا قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «اللَّهُمَّ اهْدِ دَوْساً وائْتِ بهم، اللَّهُمَّ اهْدِ دَوْساً وائت بهم»: «ئي ئاللاھ! دەۋس قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلغىن، سەن ئۇلارنى مەدىنىگە كەلتۈرگىن، ئي ئاللاھ! دەۋس قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلغىن، سەن ئۇلارنى مەدىنىگە كەلتۈرگىن.» [بۇخارى رىۋايىتى 2937-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى -2524ھەدىس].

8 دۇئانى ئاۋازلىق قىلماستىن ئىچىدە قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ تَضَرُّعٗا وَخُفۡيَةًۚ﴾ [الأعراف: 55] تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا

قىلىڭلار» [سۈرە ئەئراپ 55-ئايەت].

يوشۇرۇن قىلىنغان دۇئا ئىخلاسقا يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥ نِدَآءً خَفِيّٗا ٣﴾ [مريم: 3] تەرجىمىسى: «ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى.» [سۈرە مەريەم 3-ئايەت].

بۇ ئايەتنى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى: ئىخلاسمەنلىكنى تەلەپ قىلىش دەپ تەپسىرلىگەن.

9 دۇئا ئاللاھنى ماختاش ۋە مەدھىيلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئۆزىنى

ماختاش ۋە مەدھىيلەش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ماختىشىدىن بىھاجەت پەقەت بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى مەدھىيلەپ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَلَا أَحَدٌ أَحَبَّ إِلَيْهِ الْمَدْحُ مِنَ اللهِ وَلِذَلِكَ مَدَحَ نَفْسَهُ»: «ئاللاھدىنمۇ بەكرەك مەدھىيلەشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر زات يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۆزىنى ماختىدى».

10 دۇئا قىلغۇچى ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنى تاللاپ دۇئا

قىلىشى كېرەك. ھەدىستە بايان قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلاردىن: «ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىسىدا، كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە، جۈمە ۋاقتىدا، پەرىز نامازلاردىن كېيىن، سەجدە قىلغاندا، يامغۇر چۈشكەندە، مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشى يوق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى، ئاتىنىڭ بالىغا قىلغان دۇئاسى، سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ دۇئاسى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر».

صحيح الدعاء والثناء على الله تعالى

# ئاللاھ تائالاغا مەدھىيلەر



باشقا دۇئالار

بىرىنچى بەتكە قايتىش

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٣ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ٤﴾

[الفاتحة: ٢-٤]

تەرجىمىسى: جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.» [سۈرە پاتىھە 2-3-4-ئايەتلەر].

﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ جَاعِلِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُو۟لِىٓ أَجْنِحَةٍ مَّثْنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَ ۚ يَزِيدُ فِى ٱلْخَلْقِ مَا يَشَآءُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١﴾﴾ [فاطر:١]

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ-سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر!. ئاللاھ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەرنەرسىگە قادىردۇر.» [سۈرە پاتىر 1-ئايەت].

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ وَٱلنُّورَۖ﴾ [الأنعام:١]

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر!» [سۈرە ئەنئام -1ئايەت].

﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَلَهُ ٱلْحَمْدُ فِى ٱلْءَاخِرَةِ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ١﴾ [سبأ:١]

تەرجىمىسى:«جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇ-سانامۇ ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» [سۈرە سەبە -1ئايەت].

1

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ»

ئەلھەمدۇ لىللاھى ھەمدەن كەسىرەن تەييىبەن مۇبارەكەن پىيھى.

«حمد و ستايش براى الله است، ستايشى بسيار و پاک و مبارک».

2

«رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلْءُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ، أَهْلَ الثَّنَاءِ وَالْمَجْدِ، أَحَقُّ مَا قَالَ الْعَبْدُ، وَكُلُّنَا لَكَ عَبْدٌ: اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ»

رەببەنا لەكەل ھەمدۇ ملئۇسسەماۋاتى ۋەل ئەردى، ۋە ملئۇ ما شئْتە من شەيئىن بەئدۇ، ئەھلەسسەنائى ۋەل مەجدى، ئەھەققۇ ما قالەل ئەبدۇ، ۋە كۇللەنا لەكە ئەبدۇن، ئاللاھۇممە لا مانىئە لىما ئەئتەيتە، ۋەلا مۇئتىي لىما مەنەئتە ۋەلا يەنپەئۇ زەل جەددى منكەل جەددۇ.

مەدھىيە ۋە شان-شەرەپ ئەگىسى بولغان رەببىمىز، ئاسمانلار تولغۇدەك، زېمىن تولغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسى تولغۇدەك، بۇنىڭدىن باشقا سەن خالىغان نەرسىلەر تولغۇدەك، مەدھىيەلەر ساڭا خاستۇر. بەندە ئېيتقان مەدھىيەگە ۋە كاتتىلىققا ھەقلىقسەن. ھەممىمىز ساڭا بەندىمىز، ئي ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا ئابرويلۇقلارنىڭ ئابرويى ۋە بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ» .

3

«اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كُلُّهُ، وَإِلَيْكَ يَرْجِعُ الْأَمْرُ كُلُّهُ»

ئاللاھۇممە لەكەل ھەمدۇ كۇللۇھۇ، ۋە ئىلەيكە يەرجىئۇل ئەمرۇ كۇللۇھۇ.

ئي ئاللاھ! بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ساڭا خاستۇر، ئىشلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئەمرىڭگە باغلىقتۇر.

4

«اللَّهُمَّ رَبَّنَا لَكَ الحَمْدُ أَنْتَ قَيِّمُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ، وَلَكَ الحَمْدُ أَنْتَ رَبُّ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، أَنْتَ الحَقُّ، وَقَوْلُكَ الحَقُّ، وَوَعْدُكَ الحَقُّ، وَلِقَاؤُكَ الحَقُّ، وَالجَنَّةُ حَقٌّ، وَالنَّارُ حَقٌّ، (وَالنَّبِيُّونَ حَقٌّ، وَمُحَمَّدٌ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَقٌّ) وَالسَّاعَةُ حَقٌّ، اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ، وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، (وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ) وَإِلَيْكَ خَاصَمْتُ، وَبِكَ حَاكَمْتُ، فَاغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَأَسْرَرْتُ وَأَعْلَنْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي، (أَنْتَ المُقَدِّمُ، وَأَنْتَ المُؤَخِّرُ) لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ»

ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەل ھەمدۇ، ئەنتە قەييىمۇس سەماۋاتى ۋەل ئەردى، ۋە لەكەل ھەمدۇ ئەنتە رەببۇس سەماۋاتى ۋەل ئەردى ۋەمەن پىيھىننە، ۋە لەكەل ھەمدۇ ئەنتە نۇرۇس سەماۋاتى ۋەل ئەردى ۋەمەن پىيھىننە، ئەنتەل ھەققۇ، ۋە قەۋلۇكەل ھەققۇ، ۋە ۋەئدۇكەل ھەققۇ، ۋە لىقائۇكەل ھەققۇ، ۋەل جەننۇ ھەققۇن، ۋەن نارۇ ھەققۇن، ۋەن نەبىيۇنە ھەققۇن، ۋە مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمە ھەققۇن، ۋەس سائەتۇ ھەققۇن، ئاللاھۇممە لەكە ئەسلەمتۇ،ۋە بىكە ئامەنتۇ، ۋە ئەلەيكە تەۋەككەلىۇ، ۋە ئىلەيكە ئەنەبتۇ، ۋە ئىلەيكە خاسەمتۇ، ۋە بىكە ھاكەمتۇ، پەغپىرلى ما قەددەمتۇ

ۋەما ئەخخەرتۇ، ۋە ئەسرەرتۇ ۋە ئەئلەنتۇ، ۋە ما ئەنتە ئەئلەمۇ بىھى مىننى، ئەنتەل مۇقەددىم ۋە ئەنتەل مۇئەخخىر، لائىلاھە ئىللا ئەنتە».

ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ! بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمانلار ۋە زېمىننى ئىدارە قىلغۇچىسەن، بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىدىكىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى سەن، بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىدىكىلەرنىڭ نۇرىسەن. سەن ھەقدۇرسەن، سۆزۈڭ ھەقتۇر، قىيامەتتە

ساڭا ئۇچرىشىش ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر، ئي ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، سەن تەرەپكە قايتتىم، دىنى ئىشىمدا تالاش-تارتىش قىلغانلارنى سەن بىلەن يەڭدىم، ئۇنىكار قىلغانلارنى ساڭا قويدۇم، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا گۇناھلىرىمنى، مەندىن سەن بەكرەك بىلىدىغان خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگىن، سەن ئەۋۋەلسەن، سەن ئاخىرسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر».

﴿ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن
تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ
مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ
إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٢٦ تُولِجُ ٱلَّيۡلَ
فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۖ وَتُخۡرِجُ
ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّۖ
وَتَرۡزُقُ مَن تَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ٢٧﴾ [آل
عمران:٢٦-٢٧]

تەرجىمىسى: «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە

پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن، كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە- كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن- قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن، ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھەددى-ھېسابسىز

رىزىق بېرىسەن.» [سۈرە ئال-ئىمران 26-27-ئايەتلەر].

(يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەت ئالى ئىمران سۈرىسىدىكى 26-27-ئايەتلەر بولۇپ، ئەۋۋەلكى ئايەتنىڭ بېشىدىكى «ئېيتقىن» دېگەن سۆز دۇئانىڭ باشلىنىشىغا ئىشارەت قىلىنىپ قەستەن يېزىلمىدى).

5

«اللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَوَاتِ وَرَبَّ الْأَرْضِ وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ، فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوَى، وَمُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْفُرْقَانِ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ، اللَّهُمَّ أَنْتَ الْأَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ، اقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ، وَأَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ»

ئاللاھ ھۇممە رەببۇس سەماۋاتى ۋە رەببۇل

ئەردى، ۋە رەببۇل ئەرشىل ئەزىيم، رەببەنا ۋە رەببە كۇللە شەيئىن، پالىقۇل ھەببى ۋەننەۋا، ۋە مۇنزىلۇت تەۋراتى، ۋەل ئىنجىيلى ۋەل پۇرقانى، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررى كۇللە شەيئىن ئەنتە ئاخىزۇن بىناسىيەتىھى، ئاللاھۇممە ئەنتەل ئەۋۋەلۇ پەلەيسە قەبلەكە شەيئۇن، ۋە ئەنتەل ئاخىرۇ پەلەيسە بەئدەكە شەيئۇن، ۋە ئەنتەز زاھىرۇ پەلەيسە پەۋقەكە شەيئۇن، ۋە ئەنتەل باتىنۇ پەلەيسە دۇنەكە شەيئۇن، ئەقزى ئەننەد دەينە، ۋە ئەغنىنا مىنەل پەقرى».

ئي ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى، بىزنىڭ ۋە كائىناتتىكى

ھەممە نەرسىنىڭ رەببى، ئۇرۇق ۋە دانلاردىن ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتقۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى ئاللاھ، ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ھەر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئي ئاللاھ! سەن قەدىمسەن سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق، سەن ئەبەدىيسەن، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە يوق، سەن كامالى قۇدرىتىڭ بىلەن ئاشكاراسەن، سېنىڭدىن ئۈستۈن ھېچ نەرسە يوق، سەن مەخپىسەن، سېنىڭدىن مەخپىي ھېچ نەرسە يوق، بىزنى قەرزدارلىقتىن قۇتقۇزغىن، پېقىرلىقتىن بىھاجەت قىلغىن».

6

«اللَّهُمَّ إِنِّي أُشْهِدُكَ وَأُشْهِدُ مَلَائِكَتَكَ وَحَمَلَةَ عَرْشِكَ، وَأُشْهِدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ، أَنَّكَ أَنْتَ اللهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ وَحْدَكَ لَا شَرِيكَ لَكَ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ»

ئاللاھ ھۇمـە ئىنـنـي ئەشھەدۇكە ۋە ئەشھەدۇ مەلائىكەتىكە ۋە ھەمەلەتە ئەرشىكە، ۋە ئەشھەدۇ مەن پىس سەماۋاتى ۋە مەن پىل ئەردى، ئەننەكە ئەنتەللاھۇ لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە ۋەھدەكە لاشەرىيكە

## لەكە، ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇكە ۋە رەسۇلۇكە.

ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سېنى، سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭنى، سېنىڭ ئەرشىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلىرىڭنى، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى كىشىلەرنى سېنىڭ ھەقىقى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىڭ، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ بىر ئىلاھىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ يەككە-يېگانە ھېچ شېرىكىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن».

7

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ الأَحَدُ الصَّمَدُ، الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكە بىئەننىي ئەشھەدۇ ئەننەكە ئەنتەللاھۇ لا ئىلاھە ئىللا ئەنتەل ئەھەدۇس سەمەد، ئەللەزىي لەم يەلىد ۋەلەم يۇلەد، ۋەلەم يەكۇن لەھۇ كۇپۇۋەن ئەھەد».

ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭدىن سورايمەن، مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەن ئاللاھ، سەندىن باشقا

ئىلاھ مەبۇد ھەق يوق، ساڭا ھەممىنىڭ ئېھتىياجى چۈشىدىغان، سېنىڭ باشقىلارغا ئېھتىياجىڭ چۈشمەيدىغان، پەرزەنتكە ئېھتىياجى بولمايدىغان ۋە تۇغۇلمىغان، ھېچ تەڭدىشى بولمىغان بىر ئاللاھسەن».

ھەدىستە: بۇ دۇئا بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنىدىغان، بىر نەرسە سورىسا بېرىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىسمىلىرى دەپ بايان قىلىنغان.

8

«لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَرَبُّ الْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ»

لا ئىلاھە ئىللەللاھۇل ئەزىيمۇل ھەلىيم، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇل ئەرشىل ئەزىيم، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇس سەماۋاتى ۋە رەببۇل ئەردى ۋە رەببۇل ئەرشىل كەرىيم».

ئۇلۇغ، ھەلىم بولغان ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئاسمان-زېمىننىڭ

ۋە ئېسىل ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر».

بۇ دۇئا قېيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولغاندا ئوقۇيدىغان دۇئادۇر.

9

«اللّٰهُ، اللّٰهُ رَبِّي لَا أُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا»

ئاللاھ، ئاللاھ رەببىي لا ئۇشرىكۇ بىھى شەيئەن.

ئى ئاللاھ! ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، مەن ساڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايمەن،

بۇ دۇئا قېيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولغاندا ئوقۇيدىغان دۇئادۇر.

## 10

«لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ كَثِيرًا، سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ»

لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكە لەھۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر كەبىيرا، ۋەلھەمدۇ لىللاھى كەسىيرا، سۇبھانەللاھى رەببىل ئالەمىين، لاھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەزىيزىل ھەكىيم.

ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر،

ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ ھەممىدىن كاتتىدۇر، ئاللاھقا كۆپ مەدھىيەلەر بولسۇن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ پاكتۇر، تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت غالىپ بولغان ھېكمەتلىك ئاللاھقا خاستۇر.

11

«لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلهِ، وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَاللهُ أَكْبَرُ، وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ»

لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكە لەھۇ لەھۇل مۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير، سۇبھانەللاھى، ۋەلھەمدۇ لىللاھى، ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييل ئەزىيم

ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت ۋە بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ پاكتۇر، گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ كاتتىدۇر، تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت غالىپ بولغان ھېكمەتلىك ئاللاھقا خاستۇر.

12

«لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ، أَنْجَزَ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ، وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ»

لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ ئەنجەزە ۋەئدەھۇ، ۋەنەسەرە ئەبدەھۇ، ۋەھەزەمەل ئەھزابە ۋەھدەھۇ

ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر، ۋەدىسىنى تاماملىدى، پەيغەمبىرىگە ياردەم بەردى، بىرلەشمە قوشۇننى ئۆزى يالغۇز تارمار قىلدى.

13

«اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ»

ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، خەلەقتەنى ۋە ئەنا ئەبدۇكە، ۋەئەنا ئەلا ئەھدىكە، ۋە ۋەئدىكە مەستەتەئتۇ، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررى ما سەنەئتۇ ئەبۇئۇلەكە، بىنىئمەتىكە ئەلەييە، ۋەئەبۇئۇلەكە، بىزەنبىي پەغپىرلى، پەئىننەھۇ لا يەغپىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە

ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، (مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق) مەندىن ئالغان ئەھدەڭ ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن، ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ماڭا ئاتا قىلغان نېئمىتىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، شۈبھىسىزكى، گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى -6306ھەدىس].

## 14

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ الْمَنَّانُ، بَدِيعُ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ، يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ، يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكە بىئەننەلەكەل ھەمدۇ، لا ئىلاھە ئىللا ئەنتەل مەننان، بەدىيئۇس سەماۋاتى ۋەل ئەردى، يا زەلجەلالى ۋەل ئىكرام، يا ھەييۇ يا قەييۇم

ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن شۇنى سورايمەن، ھەقىقەتەن بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ساڭا خاستۇر، سېنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق ئىلاھ يوقتۇر، سەن كۆپ نېمەت ئاتا قىلغۇچى، ئاسمانلار

ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، شانۇ-شەۋكەتلىك دائىم ھايات بولغۇچى ۋە كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئەيىپ-نۇقسانسىز ئىدارە قىلغۇچى ئى ئاللاھ.

ھەدىستە: بۇ دۇئا بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنىدىغان، بىر نەرسە سورىسا بېرىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىسىملىرى دەپ بايان قىلىنغان.

15

«سُبْحَانَكَ مَا أَعْظَمَكَ رَبَّنَا»

سۇبھانەكە ما ئەئزەمەكە رەببەنا

ئى رەببىمىز سەن بارلىق ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن، سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ!

16

«سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ»

سۇبھانە زىل جەبەرۇتى ۋەل مەلەكۇتى ۋەل كىبرىيائى ۋەل ئەزەمەتى

بۈيۈك، قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك، شان-شەۋكەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھ بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكتۇر.

17

«اللّٰهُ أَكْبَرُ اللّٰهُ أَكْبَرُ اللّٰهُ أَكْبَرُ ذُو الْمَلَكُوتِ وَالْجَبَرُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ»

ئۈچ قېتىم: ئاللاھۇ ئەكبەر، زۇل مەلەكۇتى ۋەل جەبەرۇتى ۋەل كىبرىيائى ۋەل ئەزەمەتى

قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك، شانۇ-شەۋكەتلىك، ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. -ئۈچ قېتىم.

18

«اللّٰهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ كَثِيرًا، وَسُبْحَانَ اللّٰهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا»

ئاللاھۇ ئەكبەر كەبىيرا، ۋەلھەمدۇ لىللاھى كەسىيرا، ۋە سۇبھانەللاھى بۇكرەتەن ۋە ئەسىيلا

ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، چەكسىز گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئاللاھنى بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ياد ئېتىمىز.

**دۇئا قىلغۇچى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاپ بولغاندىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇشى ياخشىدۇر.**

«اللَّهُمَّ صَلِّ وَسَلِّم عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ»

ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. شۈبھىسىزكى سەن ئۇلۇغلاشقا ۋە مەدھىيەگە ئەڭ ھەقلىق ئىلاھسەن.

صحيح الدعاء والثناء على الله تعالى

# قۇرئان كەرىمدىن
# تاللانغان دۇئالار



1

﴿حَسْبِيَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾﴾ [التوبة:١٢٩]

تەرجىمىسى: «ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى ئاللاھقا يۆلەندىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.» [سۈرە تەۋبە 129-ئايەت].

2

﴿لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ٨٧﴾ [الأنبياء:٨٧]

تەرجىمىسى: «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم».

3

﴿رَبِّ ٱجْعَلْنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي ۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾﴾ [إبراهيم: ٤٠]

«تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن.» [سۈرە ئىبراھىم -40ئايەت].

4

﴿هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُۥ قَالَ رَبِّ هَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةًۖ إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾﴾ [آل عمران:٣٨]

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن.» [سۈرە ئالى ئىمران 38-ئايەت].

5

﴿رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسۡرَافَنَا فِيٓ أَمۡرِنَا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٤٧﴾ [آل عمران:١٤٧]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.»

[سۈرە ئالى ئىمران -147ئايەت].

6

﴿رَّبِّ ٱغۡفِرۡ وَٱرۡحَمۡ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ١١٨﴾ [المؤمنون:١١٨]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن.» [سۈرە مۇئمىنۇن -118ئايەت].

7

﴿رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَٱغْفِرْ لِي﴾

[القصص:١٦]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن.» [سۈرە قەسەس 16-ئايەت].

8

﴿رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ٢٥٠﴾

[البقرة: ٢٥٠]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! (قەلبىمىزنى) چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.»

[سۈرە بەقەرە -250ئايەت].

9

﴿رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْوَهَّابُ ٨﴾

[آل عمران:٨]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن.»

[سۈرە ئالى ئىمران -8ئايەت].

10

﴿رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي ٢٥ وَيَسِّرۡ لِيٓ أَمۡرِي ٢٦﴾ [طه:٢٥-٢٦]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ كۆڭۈل-كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن، مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن.» [سۈرە تاھا -26-25ئايەتلەر].

11

﴿مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ﴾

[الأنبياء:٨٣]

تەرجىمىسى: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن.» [سۈرە ئەنبىيا 83-ئايەت].

12

﴿رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنۡ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَٰطِينِ ٩٧ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحۡضُرُونِ ٩٨﴾

[المؤمنون:٩٧-٩٨]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن» [سۈرە مۇئمىنۇن 97-98-ئايەتلەر].

13

﴿رَبَّنَا ٱصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَۖ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا﴿٦٥﴾﴾ [الفرقان:٦٥]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ.» [سۈرە پۇرقان -65ئايەت].

14

﴿وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلۡنَاۚ رَبَّنَا ٱفۡتَحۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَ قَوۡمِنَا بِٱلۡحَقِّ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡفَٰتِحِينَ ٨٩﴾ [الأعراف:٨٩]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق). پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن.» [سۈرە ئەئراپ 89-ئايەت].

15

﴿ٱرۡزُقۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ١١٤﴾

[المائدة: ١١٤]

تەرجىمىسى: «بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن.»

[سۈرە مائىدە 114-ئايەت].

16

﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا ﴿١٠﴾﴾ [الكهف:١٠]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن.» [سۈرە كەھەپ 10-ئايەت].

17

﴿رَبِّ هَبۡ لِي حُكۡمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ٨٣﴾ [الشعراء:٨٣]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن.» [سۈرە شۇئەرا -83ئايەت].

18

﴿رَّبِّ زِدۡنِي عِلۡمٗا﴾ [طه:١١٤]

«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!.» [سۈرە تاھا -114ئايەت].

19

﴿رَبِّ إِنِّي لِمَآ أَنزَلۡتَ إِلَيَّ مِنۡ خَيۡرٖ فَقِيرٞ ٢٤﴾

[القصص: ٢٤]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج.» [سۈرە قەسەس -24ئايەت].

20

﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَٱجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا ٧٤﴾

[الفرقان: ٧٤]

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن.»

[سۈرە پۇرقان -74ئايەت].

21

﴿رَبِّ أَوْزِعْنِيٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِيٓ
أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ
صَٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي
عِبَادِكَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩﴾﴾ [النمل:١٩]

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا . ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.» [سۈرە نەمله -19ئايەت].

22

﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾ وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾ [البقرة:١٢٧-١٢٨]

«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.» [سۈرە بەقەرە 128-ئايەت].

صحيح الدعاء والثناء على الله تعالى



# نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

1

«اللَّهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ، اللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنْ خَطَايَايَ كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْأَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اللَّهُمَّ اغْسِلْنِي مِنْ خَطَايَايَ بِالثَّلْجِ وَالْمَاءِ وَالْبَرَدِ»

ئاللاھۇممە بائىد بەينىي ۋە بەينە خەتايايە كەما بائەدتە بەينەل مەشرىقى ۋەل مەغرىبى، ئاللاھۇممە نەققىنى مىن خەتايايە كەما يۇنەققى سەۋبۇل ئەبيەزى مىنەددەنەسى، ئاللاھۇممە ئەغسىلنى مىن خەتايايە بىسسەلجى ۋەل مائى ۋەلبەرەدى.

«ئى ئاللاھ! مېنى خاتالىقلاردىن خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىنى يىراق قىلغاندەك يىراق قىلغىن، ئى ئاللاھ! خۇددى ئاق كىيىم پاسكىنىلىقتىن تازىلىنىپ پارلىغاندەك، مېنى خاتالىقلىرىمدىن پاكلىغىن، ئى ئاللاھ! مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى قار بىلەن، سۇ بىلەن ۋە مۇز بىلەن تازىلاپ يوق قىلغىن».

(بۇ ناماز باشلاش دۇئالىرىدىن)

2

«اللَّهُمَّ رَبَّ جَبْرَائِيلَ، وَمِيكَائِيلَ، وَإِسْرَافِيلَ، فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ، أَنْتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ، اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِكَ، إِنَّكَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ»

ئاللاھۇممە رەببە جەبرائىيلە، ۋە مىيكائىيلە ۋە ئىسراپىيلە، پاترىسسەماۋاتى ۋەل ئەردى، ئالىمۇل غەيبى ۋەششەھادەتى، ئەنتە تەھكۇمۇ بەينە ئىبادەكە پىيما كانۇ پىيھى يەختەلىپۇن، ئەھدىنى لىمەختۇلىپە پىيھى مىنەل ھەققى بىئىزنىكە، ئىننەكە

## تەھدىي مەن تەشائۇ ئىلا سىراتىن مۇستەقىيم.

«ئى جىبرائىل، مىيكائىل ۋە ئىسراپىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، غەيىب ۋە ھازىرنى بىلگۈچى ئاللاھ، سەن بەندىلىرىڭ ئارىسىدائۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلىرىدە ھۆكۈم قىلىسەن، سەن مېنى ئىختىلاپ قىلىنغان نەرسىلەردە ئىزنىڭ بىلەن ھەققە باشلىغىن، سەن ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن».

(بۇ ئادەتتە كېچىلىك نامازدا ئوقۇلىدىغان ناماز باشلاش دۇئالىرىدىن بولۇپ، دىلدا ۋەسۋەسە ۋە شۈبھە پەيدا بولغاندا ئوقۇيدۇ).

3

«وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا، وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ، إِنَّ صَلَاتِي، وَنُسُكِي، وَمَحْيَايَ، وَمَمَاتِي لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لَا شَرِيكَ لَهُ، وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ، اللَّهُمَّ أَنْتَ الْمَلِكُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ أَنْتَ رَبِّي، وَأَنَا عَبْدُكَ، ظَلَمْتُ نَفْسِي، وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا، إِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ، وَاهْدِنِي لِأَحْسَنِ الْأَخْلَاقِ لَا يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلَّا أَنْتَ، وَاصْرِفْ عَنِّي سَيِّئَهَا لَا يَصْرِفُ عَنِّي سَيِّئَهَا إِلَّا أَنْتَ، لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ كُلُّهُ فِي يَدَيْكَ، وَالشَّرُّ لَيْسَ إِلَيْكَ، أَنَا بِكَ وَإِلَيْكَ، تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ»

ۋەججەھتۇ ۋە جهيه لىللەزيي پەتەرەس سەماۋاتى ۋەل ئەردە ھەنيپەن ۋەما ئەنا منەل مۇشرىكين، ئىننه سەلاتيي، ۋە نۇسۇكى، ۋە مەماتيي لىللاهى رەببل ئالەمين، لا شەريكه لەكه، ۋەبزالكه ئۇمرتۇ ۋەئەنا منەل مۇسلمين، ئاللاھۇمه ئەنته مەلكۇ لا ئىلاهه ئىللا ئەنته، ئەنته رەببي، ۋە ئەنا ئەبدۇكه، زەلەمتۇ نەپسى ۋەئتەرەپتۇ بزەنبي، پەغپىرلى زۇنۇبى جەميئەن ئىننەهۇ لايەغپىرۇززۇنۇبه ئىللا ئەنته، ۋەهدنى لئەهسەنل ئەخلاقى، لا يەهدي لئەهسەنها ئىللا ئەنته، ۋەسرىپ ئەنني سەييئەها، لا يەسرىپۇ ئەنني سەييئەها

ئىللا ئەنتە، لەببەيكە ۋەسەئدەيكە، ۋەل خەيرۇ كۇللۇھۇ پىي يەدەيكى، ۋەششەررۇ لەيسە ئىلەيكە، ئەنا بىكە ۋە ئىلەيكە، تەبارەكتە ۋەتەئالەيتە، ئەستەغپىرۇكە ۋەئەتۇبۇ ئىلەيكە.

«مەن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا، ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتقان ئاللاھقا يۈزلەندىم، مەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم،

مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن. ئى ئاللاھ! سەن يەككە-يېگانە پادىشاھسەن، سېنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق مەئبۇد بەرھەق يوق، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن گۇناھلىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلدىم، تەۋبەمنى قوبۇل قىلىپ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر. ئى ئاللاھ! مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە قىلغىن، گۈزەل ئەخلاقلارغا سەندىن باشقا ھېچكىم ئىگە قىلالمايدۇ،

ناچارلىقلارنى مېنىڭدىن يىراق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم مېنى ناچارلىقلاردىن يىراق قىلالمايدۇ، سېنىڭ ئەمرىڭگە خوش دەپ كەلدىم، سائادەت ۋە بارلىق ياخشىلىقلار سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، يامانلىق ساڭا لايىق ئەمەس، مەن سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدىمەن ۋە سەن تەرەپكە قايتىمەن، سەن تولۇمۇ مۇبارەك، ئۇلۇغ ئىگەمسەن، گۇناھلىرىم ئۈچۈن ساڭا تەۋبە قىلىمەن ۋە سېنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن».

(بۇ ناماز باشلاش دۇئالىرىدىن بولۇپ، تەھەججۇد نامازلىرىدا ئوقۇلىدۇ).

4

«سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي»

سۇبھانەكە ئاللاھۇممە رەببەنا ۋەبىھەمدىكە ئاللاھۇممە ئەغپىرلى.

«ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنى بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ساڭا خاستۇر. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن».

(رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا)

5

«اللَّهُمَّ أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ»

ئاللاھۇممە ئەئۇزۇ بىرىزاكە مىن سەخەتىكە، ۋەبىمۇئاپاتىكە مىن ئۇقۇبەتىكە، ۋەئەئۇزۇ بىكە مىنكە لا ئۇھسىي سەنائەن ئەلەيكە ئەنتە كەما ئەسنەيتە ئەلا نەپسىكە.

«ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىبىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭغا سېغىنىپ ئازابىڭدىن پاناي تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ

سېنىڭ دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم!سەن ئۆزەڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە ۋە سېنىڭ لايىقىڭدا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشتىن ئاجىزمەن»

(سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالاردىن)

6

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ دِقَّهُ، وَجِلَّهُ، وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ وَعَلَانِيَتَهُ وَسِرَّهُ»

ئاللاھۇممە ئەغپىرلى زەنبىي كۇللەھۇ دىققەھۇ، ۋەجىللەھۇ، ۋەئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ ۋە ئەلانىيەتەھۇ ۋە سىررەھۇ.

«ئى ئاللاھ! مېنىڭ چوڭ-كىچىك، ئاشكارا-يوشۇرۇن ۋە ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ھەممە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن».

(سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار)

7

«اللَّهُمَّ اجْعَلْ لِي فِي قَلْبِي نُورًا، وَفِي لِسَانِي نُورًا، وَفِي سَمْعِي نُورًا، وَفِي بَصَرِي نُورًا، وَمِنْ فَوْقِي نُورًا، وَمِنْ تَحْتِي نُورًا، وَعَنْ يَمِينِي نُورًا، وَعَنْ شِمَالِي نُورًا، وَمِنْ بَيْنِ يَدَيَّ نُورًا، وَمِنْ خَلْفِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي نَفْسِي نُورًا، وَأَعْظِمْ لِي نُورًا»

ئاللاھۇممەجئەل لىي پىي قەلبى نۇرا، ۋە پىلىسانىۋ نۇرا، ۋەپى سەمئىي نۇرا، ۋە پىبەسەرىي نۇرا، ۋە مىن پەۋقى نۇرا، ۋە مىن تەھتىي نۇرا، ۋە ئەن يەمىنىي نۇرا، ۋە

ئەن شىمالىي نۇرا، ۋە مىن بەينى يەدەييە نۇرا، ۋە مىن خەلپى نۇرا، ۋەجئەل پىي نەپسى نۇرا، ۋە ئەئزىم لىي نۇرا.

ئى ئاللاھ! دىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، تىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئاستىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئارقامنى نۇرلۇق قىلغىن، روھىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى بۈيۈك نۇرلۇق قىلغىن.

(تەھەججۇد نامازنىڭ سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار)

8

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ، وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەئۇزۇبىكە مىن ئەزابى جەھەننەمە ۋە مىن ئەزابىل قەبرى، ۋە مىن پىتنەتىل مەھيا ۋەل مەماتى، ۋە مىن شەررى پىتنەتىل مەسىيھىددەججال.

«ئى ئاللاھ! جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھايات-مامات پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».

(ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

## 9

«اللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ، وَشُكْرِكَ، وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ»

ئاللاھۇممە ئەئىننىي ئەلا زىكرىكە ۋە شۇكرىكە، ۋە ھۇسنى ئىبادەتىكە.

«ئى ئاللاھ! مېنىڭ سېنى كۆپ زىكرى قىلىش، ساڭا شۈكۈر ئېيتىش ۋە گۈزەل شەكىلدە ئىبادەت قىلىشىمغا ياردەم بەرگىن».

(ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

10

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا أَسْرَفْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي، أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ»

ئاللاھۇممە ئىغپىرلى ما قەددەمتۇ ۋەما ئەخخەرتۇ، ۋە ما ئەسرەرتۇ، ۋەما ئەئلەنتۇ، ۋەما ئەسرەپتۇ، ۋەما ئەنتە ئەئلەمۇ بىھى مىننىي، ئەنتەل مۇقەددەم ۋە ئەنتەل مۇئەخخەر، لائىللاھە ئىللا ئەنتە.

«ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى، مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى،

ھەددىدىن ئاشقانلىقىمنى ۋە سەن مەندىن ئوبدان بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن ئەزەلدىن بار بولغان ۋە مەڭگۈ قالىدىغان زاتسەن، سېنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر».

(ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

# 11

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ، وَالْمَغْرَمِ»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەئۇزۇبىكە مىنەل مەئسەمى ۋەل مەغرەمى.

ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ گۇناھ-مەسىيەتتىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن.

(ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

## 12

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكەل جەننەتە، ۋەئەئۇزۇبىكە مىنەننار

«ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن جەننەتنى سورايمەن، ۋە دوزاختىن ساقلا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».

(ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

## 13

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ الْجُبْنِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەئۇزۇبىكە مىنەل بۇخلى ۋە ئەئۇزۇبىكە مىنەل جۇبنى ۋە ئەئۇزۇبىكە ئەن ئەررزەلىل ئۇمۇرى ۋە ئەئۇزۇبىكە مىن پىتنەتىددۇنيا ۋە ئەئۇزۇبىكە مىن ئەزابىل قەبرى.

«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، بېخىللىقتىن

قورقۇنچاقلىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن».

(ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

14

«اللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًا كَثِيرًا وَلَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ، فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ، وَارْحَمْنِي إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ»

ئاللاھۇممە ئىننىي زەلەمتۇ نەپسى زۇلمەن كەسىيرا ۋەلا يەغپىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە، پەغپىرلىي مەغپىرەتەن مىن ئىندىكە، ۋەرھەمنى ئىننەكە ئەنتەل غەپۇرۇررەھىيم.

«ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت

قىلىسەن،ئۆز پەزلىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىسەن».

(بۇ دۇئا نامازدا، سەجدە قىلغاندا ۋە ئاخىرقى تەشەھھۇدتا سالامدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ)

15

«اللَّهُمَّ حَاسِبْنِي حِسَابًا يَسِيرًا»

ئاللاھۇممە ھاسىبنىي ھىسابەن يەسىيرا

ئى ئاللاھ! مېنىڭ ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن.

(بۇ دۇئا نامازدا، سەجدە قىلغاندا ۋە ئاخىرقى تەشەھھۇدتا سالامدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ)

16

«رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ»

رەببى قىنىي ئەزابەكە يەۋمە تەبئەسۇ ئىبادەكە.

«پەرۋەردىگارىم! بەندىلىرىڭنى قوزغايدىغان قىيامەت كۈنى مېنى ئازابىڭدىن يىراق قىلغىن».

(بۇ دۇئا نامازدا، سەجدە قىلغاندا ۋە ئاخىرقى تەشەھھۇدتا سالامدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ)

صحيح الدعاء والثناء على الله تعالى

# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدىن ئېلىنغان دۇئالار



باشقا دۇئالار

بىرىنچى بەتكە قايتىش

1

«اللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً، وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ»

ئاللاھۇممە رەببەنا ئاتىنا پىددۇنيا ھەسەبەتەن ۋە پىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋە قىنا ئەزابەننارى.

«ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن يىراق قىلغىن».

(پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئوقۇيدىغان دۇئاسى)

2

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَارْحَمْنِي، وَاهْدِنِي، وَعَافِنِي، وَارْزُقْنِي»

ئاللاھۇممە ئەغپىرلى، ۋەرھەمنى، ۋەھدىنى، ۋەئاپىنى ۋەرزۇقنى

«ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن، مېنى سالامەت قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن».

بۇ دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى توپلانغان دۇئادۇر

3

«اَللّٰهُمَّ اكْفِنِيْ بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ وَاَغْنِنِيْ بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ»

ئاللاھۇممە ئەكپىنى بىھالالىكە ئەن ھارامىكە ۋە ئەغنىني بىپەزلىكە ئەممەن سىۋاكە.

«ئى ئاللاھ! مېنى ھالال رىزقىڭ بىلەن ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، ئۇلۇغ پەزلىڭ بىلەن مېنى باشقىلارغا مۇھتاج بولۇشتىن بىھاجەت قىلغىن».

(قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا)

4

«اللَّهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ» «يَا مُقَلِّبَ القُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ»

ئاللاھۇممە مۇسەررىپەل قۇلۇبى سەررىپ قۇلۇبەنا ئەلا تائەتىكە، يا مۇقەللىبەل قۇلۇبى سەببىت قەلبى ئەلا دىينىكە.

«ئى دىللارنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ! دىللىرىمىزنى سېنىڭ تائەت-ئىبادىتىڭگە ئۆزگەرتكىن، ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن».

(بۇ ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى).

5

«اللهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلِّهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهِ، عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ، وَمَا لَمْ أَعْلَمْ، اللهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ ﷺ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَاذَ مِنْهُ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ، اللهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ، وَأَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ كُلَّ قَضَاءٍ تَقْضِيهِ لِي خَيْرًا»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكە مىنەل خەيرى كۇللىھى، ئاجىلىھى ۋە ئاجىلىھ مائەلىمتۇ مىنھۇ ۋەمالەم ئەئلەم، ۋەئەئۇزۇبىكە مىنەششەررى كۇللىھى ئاجىلىھى ۋە ئاجىلىھ ما ئەلىمتۇ مىنھۇ ۋەمالەم ئەئلەم. ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكە مىن خەيرىن ما سەئەلەكە ئەبدۇكە ۋە نەبىييۇكە مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم، ۋە ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىن ما ئازە مىنھۇ ئەبدۇكە ۋە نەبىييۇكە. ئاللاھۇممە ئىننىي ئەسئەلۇكەل جەننەتە ۋەما قەررەبە ئىلەيھا مىن قەۋلىن ئەۋ ئەمەلىن، ۋە ئەئۇزۇبىكە مىنەن نارى ۋەما قەررەبە ئىلەيھا

## مىن قەۋلىن ئەۋ ئەمەلىن، ۋە ئەسئەلۇكە ئەن تەجئەلە كۇللە قەزائىن تەقزىيهى لىي خەيرا.

ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن دۇنيا-ئاخىرەتتىكى، مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھەممە ياخشىلىقنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھەممە يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەدئەلەيھسسالام سورىغان ياخشىلىقنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ بەندەڭ، پەيغەمبىرىڭ

مۇھەممەدئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەن نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن جەننەتنى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەرنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەردىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭ مەن ئۈچۈن ھۆكۈم قىلغان بارلىق ھۆكۈملىرىنىڭ ماڭا ياخشى بولىشىنى سورايمەن.

(ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل دۇئادۇر)

6

«يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، وَلَا تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ»

يا ھەييۇ يا قەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ، ئەسلىھ لىي شەئنىي كۇللە، ۋە لا تەكلنى ئىلا نەپسىي تۇرپەتە ئەينىن.

«ئى ئەبەدىي ھايات، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى ئاللاھ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن، مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن ۋە مېنى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك ۋاقىتمۇ ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن».

## (قىيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇدا ئوقۇيدىغان دۇئا)

7

«اللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ ابْنُ عَبْدِكَ ابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ بَصَرِي وَجِلَاءَ حُزْنِي وَذَهَابَ هَمِّي»

ئاللاھۇممە ئىننىي ئەبدۇكە، ئىبنۇ ئەبدىكە ئىبنۇ ئەمەتىكە ناسىيەتى بىيەدىكە، مازىن پىييە ھۆكمۇكە، ئەدلۇن پىييە قەزائۇكە، ئەسئەلۇكە بىكۇللى ئىسمىن ھۇۋە لەكە، سەممەيتە بىھى نەپسەكە، ئەۋ ئەنزەلتەھۇ پى كىتابىكە ئەۋ ئەللەمتەھۇ ئەھەدەن مىن خەلقىكە ئەۋ ئىستەئسەرتە بىھى پى ئىلمىل غەيبى ئىندەكە، ئەن تەجئەلەل قۇرئانە رەبىيئە قەلبىي، ۋە نۇرە بەسەرىي، ۋە جەلائە ھۇزنىي، ۋە زەھابە ھەممىي.

«ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ بەندەڭ، بەندەڭنىڭ ۋە دىدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سېنىڭ

